## 47357 ـ ميقاتتىن ئېھرامغا كىرمەي ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ھۆكمى

**سۇئال**

ئېھرام كىيىدىغان ئورۇنلاردىن ئېھرام كىيمەي ئۆتۈپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بەلگىلەنگەن ئورۇندىن (ميقاتتىن) ئېھرام كىيىش بولسا، ھەج-ئۆمرىدە مۇھىم بولغان ئەمەللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەج ياكى ئۆمرىنى مەقسەت قىلغۇچى ھەرەمگە ھاۋا يولى ياكى دېڭىز يولى ۋە ياكى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق كەلسۇن، ئېھرامغا كىرمەستىن ميقاتتىن ئۆتىشى توغرا بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللادىن، ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچى ميقاتتىن ئېھرام كىيمەي ھەرەمگە كەلسە قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ميقاتتىن ئېھرام كىيمەي ئۆتۈپ كەتكەن كىشى مۇنداق ئىككى ھالەتتىن خالى بولالمايدۇ: بىرى، ئۇ كىشى ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشى ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرامغا كىرىش ئۈچۈن ميقاتقا قايتىپ ئېھرامغا كىرىپ ھەرەمگە قايتا كىرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ كىشى ھەج ياكى ئۆمرە ئىبادىتىدە قىلىش زۆرۈر بولغان (ۋاجىپ) ئەمەلنى تەرك قىلغان بولىدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قارىشى بويىچە، ئۇ كىشىگە پىدىيە كېتىدۇ يەنى قويدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ مەككىدىكى كەمبەغەللەرگە ئۆلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

يەنە بىرى: ئەگەر ئۇ كىشى ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن ميقاتتىن ئۆتكەن بولسا، بۇ كىشى مەككىدە كۆپ ۋاقىت تۇرسۇن ياكى ئاز ۋاقىت تۇرسۇن ئۇ كىشىگە ھېچنەرسە بولمايدۇ، (يەنى پىدىيە كەلمەيدۇ). چۈنكى بىز ميقاتتىن ئۆتكەن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئېھرام كىيىش زۆرۈر دەپ قارىساق، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشىگە ھاياتىدا بىر قانچە قېتىم ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش پەرز قىلىنغان بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە، مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەج قىلىش ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرز بولىدۇ، دېيىلگەن. ئەمما ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغىنى نەپلە بولىدۇ.

مانا بۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆپچىلىك قارىشى بويىچە، ھەج ياكى ئۆمرىنى مەقسەت قىلماستىن بەلگىلەنگەن ئورۇندىن (يەنى ميقاتتىن) ئېھرامسىز ئۆتكەن كىشىگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قايتىدىن ميقاتقا چىقىپ ئېھرامغا كىرىپ مەككىگە قايتىشى كېرەك ئەمەس." [پىقھۇل ئىبادات ناملىق ئەسەر 283-بەت. ئىسلام ئاساسلىرى توغرىسىدا پەتىۋالار ناملىق ئەسەر 513-بەت].

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، بىزنىڭ سىزگە بېرىدىغان جاۋابىمىز، سىز ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن ئىھرام كىيىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قايتىپ، ئىھرامغا كىرگەندىن كېيىن قايتىدىن كېلىشىڭىز ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماستىن، ئايدۇرۇمدا ياكى مەككىدە ئىھرام كىيسىڭىز ئۇ ۋاقىتتا ئەھلى ئىلىملارنىڭ قارىشى بويىۇنچە سىزگە بىر قوي جازا كېلىدۇ، بۇ قوينى مەككىدە ئۆلتۈرۈپ، شۇ يەردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىشىڭىز ۋاجىپ بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.